دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىقات ـ نەشرىيات كومىتېتى نەشر قىلدى

# خەۋەرنامە

2017 - يىلى يانۋار

1
2017

# ئىزاھات

## ئەزىز ۋەتەنداشلار:

2017 - يىلى يانۋاردىن باشلاپ د ئۇ ق تەشۋىقات - نەشرىيات كومىتېتى ھەر ئايدا بىر سان خەۋەرنامە نەشىر قىلىش قارارىنى ئالدى. ئىنگلىزچە نۇسخىسى 2013 - يىلىدىن ئېتىبارەن نەشىر قىلىنىپ كېلىنمەكتە ئىدى.

خەۋەرنامىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر ئورۇن ئالىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىكى ئۇيغۇرچە نوپۇزلۇق تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە تۈرلۈك خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى ھەمدە د ئۇ ق باشلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى مەزكۇر خەۋەرنامىنىڭ ئاساسلىق ئۇچۇر مەنبەسى قىلىنىدۇ.

خەۋەرنامىنىڭ تۇنجى سانى 2016 - يىلى يۈز بەرگەن ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر توغرىسىدىكى قىسمەن مەلۇماتلارنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلدى.

مەلۇم بولغىنىدەك، 2016 - يىلى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى خەلقئارادا تېخىمۇ كەڭ تونۇلغان ھەم ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرنىڭ سان ۋە سۈپىتى زور دەرىجىدە يۇكسەلگەن بىر يىل بولدى. ياۋروپا پارلامېنتى، بىدت ۋە غەرب دۆلەتلىرى ھۆكۈمەتلىرىدە، شۇنداقلا تۈركىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردە ئىلگىرىكى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا مىللىي مۇجادىلە ساھەسىدە زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە ئېلىپ بېرىلغان نامايىشلار، يىغىلىشلار ۋە باشقا تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سەھىپە چەكلىمىسى سەۋەبلىك بۇ سانغا تولۇق كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بولمىغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

تۇنجى ساندا كۆرۈلگەن تۈرلۈك سەۋەنلىكلەرگە ئەپۇ نەزىرىدە قاراپ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ - پىكىرلەر بىلەن بۇ خىزمىتىمىزنى يېقىندىن قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

د ئۇ ق تەشۋىقات - نەشرىيات كومىتېتى

2017 - يىلى 1-ئاينىڭ 1 - كۈنى

# مۇندەرىجە

قۇرۇلتاي ۋە مۇراسىملار ........ 3
قارارلار ۋە مۇكاپاتلار ........ 9
ئامېرىكىدىكى پائالىيەتلەر ........ 13
ياۋروپادىكى پائالىيەتلەر ........ 15
تۈركىيە، ياپونىيەدىكى پائالىيەتلەر ........ 22
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى پائالىيەتلەر ........ 25
بايانات ۋە دوكلاتلار ........ 27
د ئۇ ق، خىتاي ۋە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا ........ 29

## قۇرۇلتاي ۋە مۇراسىملار

### د ئۇ ق 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى پارىژدا ئۆتكۈزۈلدى



13ـ11 ـ ئىيۇل فىرانسىيە پايتەختى پارىجدا د ئۇ ق نىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 15 دۆلەتتىن كەلگەن 130 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىندا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلدى.

## 5 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ تىزىملىكى

| | |
|---|---|
| رەئىس: | رابىيە قادىر |
| مۇئاۋىن رەئىسلەر: | ئۆمەر قانات |
| | سېيىت تۈمتۈرك |
| | ئۈمىد ھەمىت |
| | ئەركىن ئەھمەتوۋ |
| | پەرھات يورۇڭقاش |
| باش كاتىپ: | دولقۇن ئەيسا |
| مۇئاۋىن باش كاتىپلار: | دr. ئەركىن ئەمەت |
| | دr. زۇبەيرە شەمسىدىن |
| باياناتچىلار: | دىلشات رىشىت |
| | ئالىم سېيىتوف |
| تەپتىش: | روزىمەمەت باقىيېۋ |
| فوندى رەئىسى: | ئابدۇجېلىل تۇران |
| ئىچكىي ئىشلار كومىتېتى مۇدىرى: | خەيرۇللاھ ئەفەندىگىل |
| تەشۋىقات كومىتېتى مۇدىرى: | ئەكرەم ھەزىم |
| تەتقىقات كومىتېتى مۇدىرى: | دr. ئەركىن ئەكرەم |
| دىنىي ئىشلار كومىتېتى مۇدىرى: | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن |
| مۇھاجىرلار كومىتېتى مۇدىرى: | پولات سايىم |
| ئاياللار كومىتېتى مۇدىرى: | گۈلمىھرە زۇنۇن |
| ياشلار كومىتېتى مۇدىرى: | غەيۇر قۇربان |
| مائارىپ ـ مەدەنىيەت كومىتېتى مۇدىرى: | دىلنار قاسىموۋا |
| ختاي ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرى: | ئالىم سېيىتوۋ |

## ئۇيغۇر مۇساپىرلىرى مەسلىسى ھەققىدە خەلقئارالىق يىغىن




27 ـ 25 ـ ئاپرېل كۈنلىرى گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھرىدە د ئۇ ق نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەر تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇساپىرلار مەسلىسى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

## ئىككى جۇمھۇرىيەت ۋە رابىيە خانىمنىڭ 07 يىللىق تەۋەللۇتى قۇتلاندى




13 ـ نويابىر ميۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش ۋە رابىيە خانىم تەۋەللۇتىنىڭ 70 يىللىقىنى قۇتلاش پائالىيىتىگە 8 دۆلەتتىن كەلگەن 150 ئەتراپىدا ئۇيغۇر جامائىتى ۋە گېرمانىيەدىكى پارتىيە ـ گورۇھلارنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى قاتناشتى.

## ئىستانبۇلدا «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى جەمئىيىتى» قۇرۇلدى



دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان دۆلەت ـ لىرىدىن 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر دىنىي ئالىم بۇ يىل 17 ـ يانۋار ئىستانبۇلدا ئۇچرىشىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى جەمئىيىتى» نىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

## ئىستانبۇلدا يۇسۇپ خاس ھاجىپ يىلى پائالىيىتى مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى




20 - فېۋرال يۇسۇپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 - يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن 2016 - يىلىنى «يۇسۇپ خاس ھاجىپ يىلى» دەپ ئېلان قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى.

## ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختى ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى



2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدا پارلامېنت ئەزاسى ئىلھان كۈچۈك ئەپەندىنىڭ ساھىپخانلىقىدا ئىلھام توختىغا ئائىت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

## بىريۇسسېلدا «ئىلھام توختى ۋە ساخاروف مۇكاپاتى» يىغىنى



10 - ئۆكتەبىر كۈنى، ياۋروپا پارلامېنتىدا «ئىلھام توختى ۋە ساخاروف مۇكاپاتى» مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا گېرمانىيە، بېلگىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا، ياۋروپا پارلامېنتىدىكى بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى، سىياسىي كۆزەتكۈچىلەر ۋە خەتاي ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى.

## ئامېرىكا ئۇيغۇر جامائىتى رابىيە خانىمنىڭ 07 يىللىقىنى قۇتلىدى



11ـ دېكابىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندىكى ئۇيغۇرلار رابىيە قادىر خانىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا گۈلدەستىلەر تەقدىم قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ رابىيە خانىمغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

## «ئىلھام توختى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى» ناملىق يىغىن



12 ـ دېكابىر باۋارىيە پارلامېنتىدا يېشىللار پارتىيىسى رەئىسى مارگارىتا باۋزې خانىمنىڭ ساھىپخانلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىنغا 10 غا يېقىن دۆلەتتىن كەلگەن كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملار، سىياسىيونلار، باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ مىللەت ۋەكىللىرى، ئۇيغۇر جامائىتى بولۇپ 80 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

# قارارلار ۋە مۇكاپاتلار

## ياۋروپا پارلامېنتى ئىلھام توختىنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە قارار قوبۇل قىلدى

ياۋروپا پارلامېنتى 15 ـ دېكابىر قوبۇل قىلغان تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارغا دائىر 3026 ـ نومۇرلۇق

قارارىدا ئىلھام توختىنى دەرھال ھەم شەرتسىز قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

ياۋروپا پارلامېنتى 15 - دېكابىر «ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 2016-يىلى 15 -دېكابىردىكى لارۇك گار - تىبەت بۇددىزىم ئاكادېمىيىسى ۋە ئىلھام توختى توغرىسىدىكى قارارى» ناملىق 3026 - نومۇرلۇق 13 ماددىلىق قارار قوبۇل قىلدى.

مەزكۇر قارارنىڭ ئەسلەتمىسىدە، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھازىرغىچە قوبۇل قىلغان تۈرلۈك قارارلىرى بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەسلەتمىدە، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 2011 - يىلى 10 - مارت «قەشقەرنىڭ ھالى ۋە مەدەنىي مىراس» ناملىق قارار قوبۇل قىلغانلىقى، 2014 - يىلى 23 - سېنتەبىر ئىلھام توختىنى دەرھال شەرتسىز قويۇپ بېرىش ھەققىدە بايانات ئېلان قىلغانلىقى، ئىلھام توختىنىڭ 2016 - 11 - ئۆكتەبىر مارتېن ئەننالس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى، 2016 - يىلى سېنتەبىردە بولسا ساخاروف مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسىتىلگەنلىكى ئەسكەرتىلگەن.

ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 3026 - نومۇرلۇق قارارنىڭ 9 - ماددىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئىلھام توختىنىڭ بۆلگۈنچى ئاتىلىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغانلىقىنى قاتتىق ئەيىپلەيمىز. ئۇنىڭ سوتىدا قانۇنىي تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىنمىغانلىقى ۋە ئاقلىنىش ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىنمىغانلىقىدىن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىمىز. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز قانۇنلىرىغا كۆرە، ئۇنىڭ ئايىدا بىر قېتىم ئائىلىسىدىكىلەر تەرىپىدىن يوقلىنىش ھەققىگە ھۆرمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز. ».

قارارنىڭ 10 - ماددىسىدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىلھام توختى ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىنى دەرھال ھەمدە شەرتسىز قويۇپ بېرىشكە چاقىرىمىز، بەلكى ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىشىنى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئىچى ھەمدە سىرتىدا ئەركىن ساياھەت قىلىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنىشىنى سورايمىز.»

بۇ خەلقئارادا ئىلھام توختى ھەققىدە ئېلىنغان تۇنجى رەسمىي قارار ھېسابلىنىدۇ.

**http://www.europarl.europa.eu/sides/getDoc.do?pubRef=-//EP//TEXT+TA+P8-TA-2016-0505+0+DOC+XML+V0//EN**

## دولقۇن ئەيسا «ترۇمان - رېگان ئەركىنلىك مېدالى»غا ئېرىشتى



30 - مارت «كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى» تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، دولقۇن ئەيساغا 2016 - يىللىق «ترۇمان - رېگان ئەركىنلىك مېدالى» تەقدىم قىلدى. بۇ خوشخەۋەر پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى سۆيۈندۈردى.

## رابىيە قادىر خانىم ئەلمۇنىر فوندىنىڭ «ئۆمۈرلۈك نەتىجە» مۇكاپاتىنى تاپشۇرۇپ ئالدى



1 - ئاپرېل كۈنى ئامېرىكىدىكى مۇفتى مۇنىر ئەخمەتاخۇن ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتى رەھبىرى رابىيە قادىر خانىمغا، مەزكۇر جەمئىيەت تەسىس قىلغان «ئۆمۈرلۈك نەتىجە مۇكاپاتى»نى ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى.

## ئىلھام توختىغا «ئىسمائىل غاسپىرالى ئەركىنلىك مۇكاپاتى» بېرىلدى

تۈرك دۇنياسى ژۇرنالىستلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان «ئىسمائىل غاسپىرالى خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى ۋە ژۇرنالىستلار مۇكاپاتى» نىڭ تۇنجى مۇكاپاتى، خىتاي تۈرمىسىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىغا بېرىلگەنلىكى ئېلان قىلىنغان ئىدى. 2016 - يىلى 24 - ئىيۇل كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا بۇ مۇكاپاتنى جەۋھەر ئىلھامغا يەتكۈزۈپ بېرىش ھاۋالە قىلىندى.

## ھۇنلار قۇرۇلتىيى ئۇمىد ئاگاھىنى ئالتۇن مىدال بىلەن تەقدىرلىدى



17 - ئاۋغۇست ۋېنگرىيە پايتەختى بۇداپېشتتا چاقىرىلغان 7 - نۆۋەتلىك ھۇنلار قۇرۇلتىيى د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى ئۇمىد ئاگاھىغا ھۇن - ئۇيغۇر مۇناسىۋەتلىرى يولىدا ياراتقان تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن ئالتۇن مىدال ۋە شەرەپنامە تەقدىم قىلدى.

## ئىلھام توختى ساخاروف مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا تاللاندى




15 - سېنتەبىر ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ قارارىغا بىنائەن، خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر ئۆكتىچى زىيالىيسى ئىلھام توختىنىڭ ساخاروف مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ تاللانغانلىقى جاكارلاندى. ئىلھام توختى 2016 - يىللىق ساخاروف مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا تاللانغان 4 شەخس قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇيغۇرلارغا شەرەپ بېغىشلىدى.

## مارتىن ئەننالس مۇكاپاتى ئىلھام توختىغا بېرىلدى




10 - ئۆكتەبىر دۇنيادىكى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچى شەخسلەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان مارتىن ئەننالس فوندىنىڭ 2016 - يىللىق مۇكاپاتى خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىغا بېرىلدى. ئىلھام توختى «ئىنسان ھەقلىرىنىڭ نوبېل مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر بولۇپ قالدى. مۇكاپاتنى 11 - ئۆكتەبىر جەۋھەر ئىلھام تاپشۇرۇپ ئالدى.

## 2016 - يىلى خەلقئارادا ئىلھام توختىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلار:

1. باۋارىيە پارلامېنتىدا 12-دېكابىر كۈنى «ئىلھام توختى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى» ناملىق خەلقئارالىق يىغىن بولۇپ ئۆتتى.

2. ياۋروپا پارلامېنتىدا 10-ئۆكتەبىر، «ئىلھام توختى ۋە ساخاروف مۇكاپاتى» ناملىق مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى.

3. 2016-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئىلھام توختىغا ئائىت مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

4. 25 - 26- ئاپرېل كۈنلىرى گېرمانىيە پايتەختى بېرلىندا چاقىرىلغان «ئۇيغۇر مۇساپىرلار مەسىلىسى يىغىنى» دا ئىلھام توختى گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى.

5. «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»نىڭ تەشەببۇسى بىلەن دۇنيا ئىلىم ساھەسىدە تونۇلغان 400 نەپەر كىشى 2016-يىلى يانۋاردىن باشلاپ خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭغا ئوچۇق خەت يېزىپ، تۈرمىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىنى قويۇپ بېرىشكە چاقىردى.

6. «ئىنسان ھەقلىرىنىڭ نوبېل مۇكاپاتى» دەپ تەرىپلىنىدىغان مارتىن ئەننالس مۇكاپاتىن 2016-يىلى 10-ئۆكتەبىر كۈنى ئىلھام توختىغا بېرىلدى.

7. ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ قارارىغا بىنائەن، 15- سېنتەبىر كۈنى خىتاي تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇر ئۆكتىچى زىيالىيسى ئىلھام توختىنىڭ ساخاروف مۇكاپاتىغا نامزات قىلىپ تاللانغانلىقى جاكارلاندى.

8. «ئىسمائىل گاسپىرالى ئەركىنلىك مۇكاپاتى» 2016 - يىلى 24 - ئىيۇل ئىلھام توختىغا بېرىلدى.

9. 2016 - يىلى 15 - دېكابىر كۈنى ياۋروپا پارلامېنتى ئىلھام توختى توغرۇلۇق مەخسۇس قارار قوبۇل قىلدى.

## ئامېرىكىدىكى پائالىيەتلەر

### رابىيە قادىر خانىم ۋاشىنگتوندا مۇھىم سۆز قىلدى



27- فېۋرال رابىيە خانىم ۋە ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىڭتوندىكى مارئوت مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن 9-نۆۋەتلىك «ستۇدېنتلار ئۈچۈن ئەركىنلىك» ناملىق خەلقئارالىق كونفېرېنسىيەگە قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى.

## ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسدە ئۇيغۇرلار مەسلىسى ئاڭلىتىلدى



ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 24 - ماي كۈنى چاقىرىلغان گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىدا ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن ئىلشات ھەسەن ئەپەندى سۆز قىلىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى يەنە بىر قېتىم دۇنيا كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ چىقتى.

## ئىلشات ھەسەن كۆكبۆرە ئۇ ئا ئا رەئىسلىكىگە سايلاندى



ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسىنىڭ 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە يېڭى نۆۋەتلىك رەئىس سايلىمى 29 - ماي ۋاشىنگتوندا چاقىرىلدى. ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلىرىدىن ئىلشات ھەسەن ئەپەندى مۇتلەق ئۈستۈن ئاۋاز بىلەن ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

## رابىيە خانىم ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسدە ئۇيغۇر داۋاسىنى ئاڭلاتتى

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە 7 - دېكابىر خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىم ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر سۈپىتىدە سۆز قىلىپ، خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىي ھەقلىرىدىن مەلۇمات بەردى.



# ياۋروپادىكى پائالىيەتلەر

## «شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەردى» ناملىق يىغىندا ئۇيغۇرلار

23 - يانۋار ميۇنخېن شەھىرىدە «ميۇنخېن تۈرك ئۈلكىچىلەر بىرلىكى» تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان «شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەردى» ناملىق يىغىندا دولقۇن ئەيسا ئەپەندى تۈركچە دوكلات بەردى. 24 - يانۋار كۈنى يەنە، دىنىي ئىشلار كومىتېتى مۇدىرى تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇنهاجىم ميۇنخېن شەھىرىدىكى «تۈرك مەدەنىيەت مەركىزى» دە تەكلىپكە بىنائەن ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق دوكلات بەردى.

## ئۇيغۇرلار مەسلىسى ياۋروپا تىبەت ياشلىرى قۇرۇلتىيىدا

26 - مارت جەنۋەدە چاقىرىلغان 47 - نۆۋەتلىك ياۋروپا تىبەت ياشلىرى جەمىيىتى قۇرۇلتىيىغا دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشىلىك بىر ھەيەت ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر ئىلىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن تەپسىلىي دوكلات بەردى.

## ئۇيغۇرلار گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا سۆھبەتتە بولدى

8 - ئاپرېل كۈنى دولقۇن ئەيسا ۋە غەيۇر ئەپەندىلەر گېرمانىيە كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى مەسئۇلى بەربېل كوفلېرنىڭ تەكلىپى بىلەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىناسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بۇ سۆھبەتكە يەنە كۆپلىگەن خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرىمۇ قاتناشتى.

## رابىيە خانىم گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھرىدە دوكلات بەردى



25 - ئاپرىل «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇساپىرلار مەسلىسى» ماۋزۇلۇق يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن رابىيە قادىر خانىم تۈركلەرنىڭ بېرلىن شەھرىدىكى شېھىتلەر جامىسىنىڭ ئىچىدىكى مەدەنىيەت مەركىزىدە دوكلات بەردى.

### د ئۇ ق ۋەكىللىرى ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا

ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى 28 - ئاپرېل كۈنى شۋېتسىيە پارلامېنت بىناسىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىنغا د ئۇ ق دىن دولقۇن ئەيسا، دىلشات رىشىت، ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى نىجات تۇرغۇن قاتارلىقلار ئىشتىراك قىلدى.

### د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم فرانسىيەدە زىيارەتتە بولدى

29 - ئاپرېلدىن 30 - ئاپرېلغىچە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى رابىيە خانىم باشچىلىقىدىكى قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى فىرانسىيەدە زىيارەتتە بولدى. رابىيە خانىم پارىجدىكى تۈرك ئاممىۋي تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى قوللاۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بىلەن نۆۋەتتە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلار دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەر توغرىسىدا تەپسىلىي سۆھبەت ئېلىپ باردى.

### ياۋروپا پارلامېنتى ۋەكىلى د ئۇ ق نى زىيارەت قىلدى



6 ـ ماي ياۋروپا پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى باربارا لوخبىھلېر خانىم د ئۇ ق باش شىتابىنى مەخسۇس زىيارەت قىلىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىلىق سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ سۆھبەتكە د ئۇ ق رەھبەرلىرىدىن دولقۇن ئەيسا، ئەنۋەرجان ۋە ئەسقەرجان ئەپەندىلەر قاتناشتى.

### تيەنەنمېن ۋەقەسىنىڭ 27 يىللىقىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى

3 - ئىيۇن گېرمانىيەنىڭ فرانكفۇرت شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن تيەنەنمېن ۋەقەسىنىڭ 27 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىنغا

خىتاي دېموكراتلىرى، ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر ۋە جەنۇبىي موڭغۇلىيەلىكلەر بولۇپ 70 تىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى.

## خىتاينىڭ «تېررورلۇققا قارشى قانۇنى» ھەققىدىكى يىغىن

2016 - يىلى 7 - ئىيۇن گوللاندىيەنىڭ دەنخاھ شەھرىدە «خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى يېڭى قانۇنى ۋە ئۇنىڭ ئاز سانلىقلارغا بولغان تەسىرى» ناملىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن يىغىندا سۆز قىلدى.

## 6 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئۆلۈم جازاسىغا قارشى تۇرۇش قۇرۇلتىيىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى

21 - ئىيۇن ئوسلودا باشلانغان، 90 دۆلەتتىن 1300 كىشى ئىشتىراك قىلغان 6 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ئۆلۈم جازاسىغا قارشى تۇرۇش قۇرۇلتىيىغا د ئۇ ق ۋەكىلى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئاڭلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

## پارىژدا 5 - ئىيۇل ۋەقەسى ۋە ئىلھام توختى مەسىلىسى

8 - ئىيۇل فرانسىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىشى ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن پارىج شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا 5 - ئىيۇل ۋەقەسى ۋە ئىلھام توختى مەسىلىسى توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى.

## د ئۇ ق رەھبەرلىرى بۇداپېشتتىكى تۇران قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى

12 - ئاۋغۇست ۋېڭرىيە پايتەختى بۇداپېشتتا ئۆتكۈزۈلگەن 6 - نۆۋەتلىك تۇران قۇرۇلتىيىغا د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى ئۈمىد ئاگاھى ۋە دولقۇن ئەيسا ئەپەندىلەر قاتناشتى. 150 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان بۇ قۇرۇلتايدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى كەڭ تونۇتۇلدى

## د ئۇ ق رەھبەرلىرى ياۋروپا پارلامېنتىدىكى دىپلوماتىيە كۇرسىدا

9 - 8 - سىنتەبىر كۈنلىرى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن دىپلوماتىيە بىلىملىرى كۇرسىغا تەكلىپكە بىنائەن د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا بىلەن قۇرۇلتاي ياشلار كومىتېتى رەئىسى

غەيۇر قۇربانلار قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن مەلۇمات بېرىش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشتى.

## ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر جەنۋەدە بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى



ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر 2016 - يىلى 16 - سېنتەبىر ئېلىپ بارغان بىرلەشمە نامايىشنى د ئۇ ق بىلەن خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن بولۇپ، نامايىشقا 2 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. نامايىشچىلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

## رابىيە قادىر خانىم كاتالونىيەدە بىر ھەپتىلىك زىيارەتتە بولدى



د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىم بىلەن مۇئاۋىن رەئىس ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر 27 - سېنتەبىردىن 4 - ئۆكتەبىرگىچە ئىسپانىيەنىڭ كاتالونىيە ئۆلكىسىدە «كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدايدىغان شەھەرلەر» پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، ئىسپانىيەنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئىسپانىيەدە تونۇتۇش ئىمكانىغا ئىگە بولدى.

## خىتاي بىلەن گېرمانىيە دىئالوگى ھارپىسىدا يىغىن ئۆتكۈزۈلدى

19 - ئۆكتەبىر بېرلىندا خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا دولقۇن ئەيسا ئەپەندى قاتناشتى. يىغىندا 9 - 8 - نويابىر كۈنلىرى بېرلىن شەھىرىدە

ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان 14-قېتىملىق «كىشىلىك هوقۇق ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەسلىسى دىئالوگى» دا ئوتتۇرىغا قويۇش تەلەپ قىلىنغان ماتېرىياللار گېرمانىيە دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇلدى.

## بىريۇسسېلدا كىشىلىك هوقۇق سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

26-ئۆكتەبىر بېلگىيەنىڭ بىريۇسسېل شەھرىدىكى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ تاشقى ئىشلار باشقارمىسىدا خىتايدىكى كىشىلىك هوقۇق مەسىلىلىرى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. پائالىيەتكە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خىتايدىكى كىشىلىك هوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى، ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، خەلقئارا ئىنسان هەقلىرى مەركىزى قاتارىدا ئۇيغۇر، تىبەت ۋە دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتلىرىمۇ قاتناشتى. ئۇيغۇرلارغا ۋەكالەتەن دولقۇن ئەيسا ۋە «ئىلهام توختى گورۇپپىسى» دىن ئەنۋەرجان ئەپەندىلەر يىغىنغا قاتناشتى.

## موناكودا ئۆتكۈزۈلگەن 89 خەلقئارا تەشكىلاتنىڭ يۇمۇلاق ئۈستەل يىغىنىدا ئۇيغۇرلار مەسلىسى ئاڭلىتىلدى




11 - ئاينىڭ 3 - ، 4 - كۈنلىرى موناكودا «خەلقئارا جەمىيەتلەر ئىتتىپاقى» نامىلىق خەلقئارالىق تەشكىلات ئۇيۇشتۇرغان 98 تەشكىلاتتىن 300 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشقان چوڭ يىغىنغا ئۇيغۇرلارغا ۋەكالەتەن دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمۇ قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى هەققىدە مەلۇماتلار بەردى.

## رابىيە خانىم تۈرك ئاياللىرى قۇرۇلتىيىدا نۇتۇق سۆزلىدى



ياۋروپادا ياشاۋاتقان تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىدىن بىرى بولغان مىللىي چۈشەنچە تەشكىلاتى 11-ئاينىڭ 12-كۈنى گېرمانىيەنىڭ كۆلن شەھرىدە ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئالاهىدە مەهمان سۈپىتىدە

تەكلىپ قىلىنغان د ئۇ ق رەئىسى رابىيە قادىر خانىم نۇتۇق سۆزلەپ، يېقىن ئىشتىراكچىلىرىغا ئىككى جۇمھۇرىيەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى ۋەزىيىتى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى. يىغىنغا ياۋروپانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان تۈرك ئايال ۋەكىللەردىن 6500 ئەتراپىدا كىشى قاتناشقان.

### دr. ئەركىن ئەكرەم ئۇيغۇر مىللىي دەۋاسى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى




12 - نويابىر كۈنى تۈركىيە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندى ئىككى جۇمھۇرىيەتنى خاتىرىلەش ۋە رابىيە خانىم تەۋەللۇتىنىڭ 70 يىللىقىنى قۇتلاش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن 8 دۆلەتتىن مېھمان شەھىرىگە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرىگە د ئۇ ق خىزمەت بىناسىدا ئۇيغۇر مىللىي دەۋاسىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك يوللىرى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ زور ئالقىشقا ئېرىشتى.

### رابىيە خانىم نورۋېگىيەدە رافتو مۇراسىمىغا قاتناشتى

د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىم بىلەن مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندىلەر 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رافتو فوندى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نورۋېگىيەنىڭ بېرگىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2016 - يىللىق رافتو كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىمغا 30 يىلدىن بېرى ياۋروپادىكى ئىنسان ھەقلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كىشىلەر تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە رافتو مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن نوبېل مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار ئىدى. مۇراسىمغا نورۋېگىيەنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىمۇ ئىشتىراك قىلدى.

### خىتاي، گېرمانىيە سۆھبىتى ھەققىدە دوكلات يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى

24 - نويابىر گېرمانىيەنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا، 9 - 8 - نويابىر كۈنلىرى بېرلىن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 14 - قېتىملىق «كىشىلىك ھوقۇق ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش مەسىلىسى دىئالوگى»نىڭ نەتىجىسىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

يىغىنغا د ئۇ ق ياشلار كومىتېتى رەئىسى غەيۇر ئەپەندى قاتناشتى.

### د ئۇ ق رەھبەرلىرى گېرمانىيە پارلامېنتىدا ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى



د ئۇ ق رەھبەرلىرىدىن ئۇمىد ئاگاھى ۋە پەرھات مۇھەممەدى ئەپەندىلەر 1 ـ دېكابىر گېرمانىيە پارلامېنتىدا دۆلەتنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. سۆھبەتتە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى مەسىلىسى، ئىلھام توختى مەسىلىسى، ئابدۇقادىر ياپچان مەسىلىسى ۋە خىتاي زۇلمى سۆز تېمىسى بولدى.

## تۈركىيە، ياپونىيەدىكى پائالىيەتلەر

### رابىيە خانىم ياپونىيەدە زىيارەتتە بولدى



24 ـ مايدىن 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە ياپونىيەدە زىيارەتتە بولغان رابىيە خانىم باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق رەھبەرلىرى ياپونىيەنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە سۆھبەتلەردە بولدى ۋە ياپونىيەدىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا كۆپ قېتىم ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق دوكلاتلار تەقدىم قىلدى.

### «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا ساغلام ئىدىيە، توغرا ھەرىكەت»

شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان «دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىش يىغىنى» نىڭ 8

-نۆۋەتلىكى 18 - ئىيۇل ئىستانبۇلدا ئېچىلدى.

### ئىستانبۇلدا ئۇيغۇر ئانا تىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى

21-فېۋرال يەكشەنبە كۈنى دۇنيا ئانا تىل كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانبۇلدا 6-نۆۋەتلىك «ئۇيغۇر ئانا تىل ۋە ئۇيغۇر ماگىستىر، دوكتور ئوقۇغۇچىلار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى.

## د ئۇ ق ھەيئىتىنىڭ تۈركىيە پائالىيەتلىرى



11-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە خىتاي باش مىنىستىر مۇئاۋىنى ۋاڭ ياڭ تۈركىيەگە رەسمىي زىيارەت ئېلىپ بېرىپ بىر قاتار توختامنامىلەرگە قول قويغاندىن سىرت، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى مەسئۇللىرى 9-سىنتەبىر ئەنقەرەگە كېلىپ، مۇناسىۋەتلىك مىنىستىر ۋە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇيغۇرلار مەسىلىلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەردى.

د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى 2016 - يىلى تۈركىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئاڭلىتىش، ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش، تۈرك TV قاناللىرىدا ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش مۇھىم پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان باشقا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭمۇ 2016 - يىلى ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ. سىياسىي، ئىلمىي يىغىلىشلار، نامايىشلار، دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئۇچرىشىشلار، تۈركىيەدىكى مۇھىم ھەرىكەتلەرگە ئاۋاز قېتىشلار ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلار

مەسلىسىنىڭ تۈرك دۇنياسىغا تونۇلۇشىغا چامىنىڭ يېتىشىچە ھەسسە قېتىشلار، تۈركىيەدىكى مۇساپىر قېرىنداشلىرىنىڭ دەردلىرىگە دەرمان بولۇشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى بايان قىلىشقا ئاجىزمىز. تۈركىيەدىكى ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاللاھ رىزاسى يولىدا قىلىۋاتقان ئەجرىگە دۇنيا ئۇيغۇرلىرى گۇۋاھ بولماقتا!

## ياپونىيەدە ئۇيغۇرلار مەسلىسى



ياپونىيەدە سىياسىي مۇجادىلە بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان «ياپونىيە ئۇيغۇر بىرلىكى» نىڭ رەئىسى تۇرمەمەت ھاشىم ئەپەندى 2016 - يىلى كۆپ قېتىم يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش، نامايىش تەشكىللەش، بايانات ئېلان قىلىش قاتارلىق شەكىللەردە ئۇيغۇرلار مەسلىسىنىڭ ياپونىيەگە تونۇلىشىغا زور ھەسسىلەر قاتتى.

## ياپونىيەدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يەنە

ياپونىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ياڭرىتىۋاتقان يەنە بىر ئەزىمەت ئىلھام ماھمۇتتۇر. «ياپونىيە ئۇيغۇر جەمىيتى»نىڭ رەئىسى ئىلھام ماھمۇت ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ياپونىيە



خەلقىگە تونۇتۇلىشى يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. ئۇ تۈرلۈك يىغىلىش، نامايىش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغاندىن سىرت، ئاخىرقى يىللاردا يەنە <ئۇيغۇر ئاۋازى> تور تېلېۋىزىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تونۇلۇشى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

ياپونىيەدە 2016 - يىلى ئىلھام ماخمۇت ۋە تۇرمەمەت ھاشىم ئەپەندىلەر ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەرنىڭ سان ۋە سۈپىتى ناھايىتى كۆپ ھەم يۇقىرى بولدى. ئاسىيا-پاسىفىك رايونلىرىدا

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ تونۇلىشى ئۈچۈن ھەسسىلەر قوشۇۋاتقان ياپونىيەدىكى ئەزىمەتلەر د ئۇ ق ۋە ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئالقىشلىرىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

# ب د ت دا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر

## ب د ت دا ئۇيغۇرلار مەسلىسى يەنە مۇزاكىرە تېمىسى بولدى

«كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن جەنۋە ئالىي ئۇچرىشىشى» ناملىق خەلقئارالىق يىغىن 23 ـ فېۋرال جەنۋەدە باشلاندى. ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن دولقۇن ئەيسا ۋە ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىسى، سابىق دىپلومات كېرەم شېرىپلەر قاتناشتى.

## ب د ت دا چاقىرىلغان خىتاي ھەققىدىكى يىغىندا ئۇيغۇر مەسلىسى



10 ـ مارت ب د ت دا چاقىرىلغان «خىتاينىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە بولغان تەسىرى» ناملىق يىغىندا ئۇيغۇرلار، تىبەتلىكلەر ۋە خىتايلار مەسلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يىغىندا ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى سۆز قىلدى.

## ب د ت دا خىتاينىڭ ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقى

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 31 - نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ 14 - مارت ئۆتكۈزۈلگەن «خىتاي ۋەزىيىتىنى ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئومۇمى يۈزلۈك كۆزدىن كۆچۈرۈش ۋە پۇقرالار جەمىيىتىنىڭ تېخنىكىلىق باھاسى» ناملىق يىغىنىدا د ئۇ ق پروگراما يېتەكچىسى پېتېر ئەپەندى خىتاينىڭ 2013 - يىلى ب د ت غا بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

## ب د ت «خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق» ناملىق يىغىندا ئۇيغۇرلار

19 - سېنتەبىر ب د ت دا ئۆتكۈزۈلگەن «خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق» ناملىق يىغىنغا دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمۇ قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار ۋەزىيىتى توغرۇلۇق دوكلات تەقدىم قىلدى. يىغىننى تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتى بىلەن خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئالىي كومىسسارلىقى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان ئىدى.

## ب د ت «كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش»

21 - نويابىر ب د ت دا باشلانغان تۇنجى نۆۋەتلىك «كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مۇنبىرى» يىغىنىغا ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن دولقۇن ئەيسا ئەپەندى قاتنىشىپ، يۈزلەرچە كىشى قاتناشقان بۇ چوڭ يىغىندا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويدى.

## ئۇيغۇر ۋەكىللىرى ب د ت دا بىر يۈرۈش پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى

23 - نويابىر ب د ت خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مەركىزىدە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى، تىبەت ئادالەت مەركىزى ۋە ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن «ۋاكالەتسىز مىللەتلەرنىڭ دىپلوماتىيە كۇرسى» دا ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن دولقۇن ئەيسا ئەپەندى دوكلات تەقدىم قىلدى. يىغىن ب د ت نىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مەركىزىدە باشلانغان بولۇپ، يىغىنغا ب د ت دا ۋەكىلى بولمىغان 30 دىن ئارتۇق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.




## د ئۇ ق ۋەكىلىنىڭ سۆز ھەققى تۈپەيلى ب د ت دا خىتاي بىلەن دېموكراتىك دۆلەتلەر ئارىسىدا تالاش - تارتىش چىقتى

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مەركىزىدە 24 - نويابىر باشلانغان «ئاز سانلىقلار مۇنبىرى» يىغىنىدا د ئۇ ق ۋەكىللىرىنىڭ سۆز قىلىش ھەققىگە خىتاي قارشى چىقتى، دېموكراتىك دۆلەتلەر قوللىدى. نەتىجىدە، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش 25 مىنۇت داۋاملاشتى. ئاخىرى د ئۇ ق ۋەكىلى سۆزىنى داۋام قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتسىزلىكلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

# بايانات ۋە دوكلاتلار

### د ئۇ ق هاشار ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلدى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك هاشار مەسىلىسى ھەققىدە 11 - ئايدا يېڭى دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىزچىل ئىجرا قىلىۋاتقان هاشاردىن ئىبارەت مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئوخشىمىغان نام ۋە شەكىللەردە داۋام قىلىۋاتقانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ هاشارنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ھەرىكىتىنى تەقىب قىلىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش ۋاستىسىگە ئايلاندۇرىۋالغانلىقى پاكىتلىرى بىلەن بايان قىلىنىدى.

### د ئۇ ق مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلدى

د ئۇ ق 2016 - يىلى 25-26 - ئاپرېل بېرلىندا چاقىرىلغان ئۇيغۇر مۇھاجىرلار مەسىلىسى توغرىسىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن كېيىن، 6 - ئايدا مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس هازىرلانغان «ئەركىن نەپەس ئۈچۈن زېمىن ئىزدەش» ناملىق دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. بۇ دوكلات غەرب ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرىگە، خەلقئارادىكى تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى يوللىنىپ، ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى مەسىلىسىنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلىچىكىگە دائىر مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى.

### شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ناملىق دوكلات

2016 - يىلى 3 - ئايدا د ئۇ ق «شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى» ناملىق دوكلات ئېلان قىلدى. بۇ دوكلاتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە ئائىت مەلۇماتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى چۈشىنىشتە مۇھىم قوللانمىلىق رولىنى ئۆتىدى. مەزكۇر دوكلات دۆلەتلەر ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا يوللاندى.

## د ئۇ ق خىزمەت دوكلاتى نەشر قىلىندى

2016 ـ يىلى 7 ـ ئايدا د ئۇ ق نىڭ تۆت يىللىق خىزمەت دوكلاتى نەشر قىلىنىپ، فرانسىيەنىڭ پارىج شەھرىدە چاقىرىلغان د ئۇ ق 5 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىن كەلگەن 130 دىن ئارتۇق ھەر ساھە ئۇيغۇر تەشكىلات ۋەكىللىرىگە تەقدىم قىلىندى. مەزكۇر دوكلاتتا د ئۇ ق نىڭ 2012 ـ يىلىدىن بۇيان خەلقئارادا ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى، مالىيە ئەھۋالى ھەمدە باشقا ساھەلەرگە ئائىت نۇرغۇن مەلۇماتلار ئورۇن ئالدى.

## د ئۇ ق نىڭ 2016 ـ يىلى ئېلان قىلغان باياناتلىرى

- 5 ـ فېۋرال «غۇلجا ۋەقەسىنىڭ 19 ـ يىللىقى» مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 16 ـ فېۋرال خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى خوڭ لەئىنىڭ دولقۇن ئەيسا ھەققىدە خەلقئارا مەتبۇئاتقا بەرگەن قارىلىشىغا قارشى،
- 5 ـ مارت ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرىنىڭ تھائىلاند تۈرمىسىدا ساقچىلارنىڭ ئادالەتسىز مۇئامىلىسىگە ئۇچرىشىغا قارشى،
- 18 ـ مارت د ئۇ ق رەئىسى رابىيە خانىمنىڭ خىتاي تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنىڭ 11 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 30 ـ مارت دولكۇن ئەيسانىڭ «ترومان ـ رەگان ئەركىنلىك مەدالى»غا ئېرىشكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 5 ـ ئاپرېل بارىن ئىنقىلابىنىڭ 26 ـ يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 7 ـ ئاپرېل پاتىگۈل غۇلامنىڭ سوت قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 13 ـ ئاپرېل، د ئۇ ق نىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي قۇرۇلتىيىنىڭ 13 ـ 11 ـ ئىيۇل كۈنلىرى پارىژدا ئېچىلىدىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 25 ـ ئاپرېل ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دولقۇن ئەيساغا بېرىلگەن ۋىزىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن،
- 6 ـ ماي مۇھاجىرلار مەسىلىسى ھەققىدە ئېلىنغان قارار تۈپەيلى،
- 20 ـ ماي ئۇيغۇر دوستى ماركو پانەلانىڭ ۋاپاتى تۈپەيلى،

- 31 ـ ماي تهائىلاند تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغاھنلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 6 ـ ئىيۇن ختاي هۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «دىنىي ئەركىنلىك ھەققىدىكى ئاق تاشلىق كىتاپ» قا قارشى،
- 10 ـ ئىيۇن گەرمانىيە باش مىنىستىرى ئاڭېلا مەركەل خانىمنىڭ ختاي زىيارىتى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 7 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 15 ـ ئىيۇل د ئۇ ق نىڭ پارىجدا ئۆتكۈزۈلگەن 5 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي قۇرۇلتىيى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 28 ـ ئىيۇل يەركەن قەۋەسىنىڭ 2 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 5 ـ ئاۋغۇست ختايدا ئۆتكۈزىلىدىغان گ ـ 20 ئالىي دەرىجىلىكلەر يىغىنىدىن بۇرۇن، ختاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئايرىمچىلىق ماهىيىتىدىكى ئۇقتۇرۇشلىرىغا قارشى،
- 8 ـ ئاۋغۇست «شام ـ ئىراق ئىسلام دۆلىتىگە» قاتناشقان ئۇيغۇرلار ھەققىدە،
- 16 ـ سىنتەبىر جەنۋەدە ئۇيغۇر ـ تىبەت بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈش ھەققىدە،
- 12 ـ ئۆكتەبىر ئىلهام توختىنىڭ «مارىن ـ ئەننالس كىشىلىك هوقۇق مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن،
- 21 ـ ئۆكتەبىر ختاي هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى يىغىۋېلىش سىياسىتىگە قارشى،
- 10 ـ نويابىر هاشار ھەققىدىكى دوكلات تۈپەيلى،
- 11 ـ نويابىر ختاي ج خ مىنىستىرىنىڭ خەلقئارا ساقچى تەشكىلاتىغا رەئىس بولغانلىقىغا قارشى،
- 1 ـ دېكابىر د ئۇ ق ۋەكىلىنىڭ بىدت دا سۆز قىلىش ھەققىنى ختاينىڭ چەكلەشكە ئۇرۇنغانلىقىغا قارشى،
- 12 ـ دېكابىر دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن باياناتلار ئېلان قىلىندى.

# د ئۇ ق، خىتاي ۋە خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا

**خىتاينىڭ «تېرروررىزىمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» ۋە «ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش قانۇنى»**

خىتاي ھۆكۈمىتى 2016 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ «تېرروررىزىمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى، 2016 - يىلى ئاپرىلدىن باشلاپ «ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش قانۇنى»نى رەسمىي يولغا قويدى. بۇ قانۇنلار 2015 - يىلى خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەستىقىغا سۇنۇلغان چاغدىن باشلاپلا خەلقئارا جامائەت ۋە ياۋروپا ئەللىرى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراپ كەلگەن ئىدى. ئېنىقسىز، مۇجمەل، نەگە تارتسا شۇ يەرگە ئاغىدىغان بۇ قانۇنلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە، چەتەل تەشكىلاتلىرىغا خەۋپلەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقى خەلقئارادا كۆپ قېتىم تالاش - تارتىش قىلىنىدى.

مەزكۇر قانۇنلارنىڭ نىشانى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇر ۋە تىبەت مىللىي ھەرىكىتى بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ قارا قولىنى چەتەللەردە مىللىي مۇجادىلە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە تىبەت كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە قەدەر سۇنۇشقا ئۇرۇنىۋاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى سوتىنىڭ قارارى




11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ياۋروپا ئىنسان ھەقلىرى سوتى تۈركىيە ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر دىنىي زات ۋە ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتچى ئابدۇقادىر ياپچان توغرىسىدىكى قارارنى ئېلان قىلدى. قاراردا ئابدۇقادىر ياپچاننى 3 - دۆلەتكە يۆتكەشكە بولمايدىغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەشھۇر بولغان ئابدۇقادىر ياپچاننى تۈركىيە دائىرىلىرىنىڭ خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن قولغا ئالغانلىقى مەلۇم بولماقتا. بۇ ھال پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى بىئارام قىلدى.

## ھىندىستاننىڭ 3 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇش قارارى نارازىلىق قوزغىدى

جامۇ-كەشمىر يۇقىرى سوتى 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئابدۇخالىق، ئادىل ۋە ئابدۇسالام قاتارلىق

3 ئۇيغۇر مۇساپىرنىڭ سىياسىي پاناھلىق ئىلتىماسىنى رەت قىلغان. ئارقىدىنلا جامۇ-كەشمىر ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. د ئۇ ق رەھبەرلىرى مەسىلىگە جىددىي قاراپ، ھىندىستان دائىرىلىرى بىلەن سۆھبەتلەر ئېلىپ بەرىشى نەتىجىسىدە، ھىندىستان تەرەپ بۇ قارارىدىن ۋاز كەچتى.

## پاتىگۈل غولام مەسلىسى خەلقئارادا جىددىي تېما بولدى




5-ئىيۇلدا خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن غايىب قىلىۋېتىلگەنلەردىن ئىمامەمەت ئېلىنىڭ ئانىسى پاتىگۈل غولام، چەتئەل مەتبۇئاتلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىغا بالىلىرى ناھەق تۇرمىلەرگە سولانغان ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ ۋەكىلى ھەمدە كىشىلىك ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تونۇلغان بىر شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ۋە سىماسى دۇنياۋى ئىجتىمائىي تاراتقۇلارغا كەڭ يېيىلدى. پاتىگۈل غولامنىڭ 2014-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى خىتاي دۆلەت بىخەتەرلىك تارماقلىرى تەرىپىدىن ئۆرۈمچىدىكى ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىدا بەلگىلىك ئىنكاس قوزغىدى. د ئۇ ق باشلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ رولى نەتىجىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى پاتىگۈل غولام ئانىنى 2016 - يىلى 5-ئاينىڭ 27- كۈنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

## ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقى 5102 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ داۋاملىق دەپسەندە قىلىشقا ئۇچرىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىقى 13-ئاپرېل ئۆزىنىڭ يىللىق دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا، ئۆتكەن يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقى داۋاملىق دەپسەندە قىلىنغانلىقىنى ئەمەلىي مىساللىرى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

دولقۇن ئەيسانىڭ ھىندىستان ۋە تەيۋەنگە كىرگۈزۈلمىگەنلىكى خىتاي ۋە چەتئەللەردە

كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسانىڭ 18-فېۋرالدىن 21-فېۋرالغىچە تەيبېيدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئاسىيا-تېنچ ئوكيان دىنىي ئەركىنلىك يىغىنىغا قاتنىششى، تەيۋەن دائىرىلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. ئارقىدىنلا دولقۇن ئەيسانىڭ 28 - ئاپرېلدىن 1 - مايغىچە ھىندىستاندا چاقىرىلىدىغان «خىتايدىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەر ۋە دىنىي گورۇھلارنىڭ ئۆزارا دىئالوگى» ناملىق خەلقئارالىق يىغىنغا قاتنىششىمۇ ھىندىستان تەرىپىدىن رەت قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن خەلقئارا مەتبۇئاتلاردا دولقۇن ئەيسانى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى زور غۇلغۇلا قوزغىدى. ۋەقەگە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمۇ ئارىلاشتى ھەمدە تەكرار ئىنكاسلار بىلدۈردى. د ئۇ ق خىتاينىڭ باياناتلىرىغا بايانات بىلەن جاۋاپ قايتۇردى ھەمدە ھىندىستان بىلەن تەيۋەننى خىتاينىڭ بېسىمىغا تىز پۈككەنلىكتە ئەيىپلىدى.

## خىتاي ھاكىمىيتى ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتلىرىنى مۇسادىرە قىلدى

د ئۇ ق 7 - ئۆكتەبىر كۈنى بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا باشلىغان پاسپورت يىغىۋېلىش ھەرىكىتىنى قاتتىق تەنقىدلىدى. خىتاي ج خ تارماقلىرى يېقىنقى كۈنلەردە ئارقا - ئارقىدىن ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتلىرىنى يەنە يىغىۋېلىشقا باشلىدى. مەلۇم بولىشىچە، پاسپورتلار يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن كىم نەگە باردى؟ نېمە ئىشقا باردى؟ تارقاق ھەج قىلدىمۇ يوق؟ پاسپورتتا قان ئەۋرىشكىسى، ئاۋازى، دنا ئەۋرىشكىلىرىگە ئوخشاش چوقۇم بولۇشى شەرت قىلىنغان ئۇچۇرلار تولۇقمۇ؟ دېگەندەك ئۇچۇرلىرىغىچە تەكشۈرۈلىدىكەن.

## ئامېرىكا خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىدا ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت خەۋەرلەر ئورۇن ئالدى

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان 2015-يىللىق خەلقئارالىق

دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىدا خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەردە دىنىي باستۇرۇشنىڭ يەنىلا سىستېمىلىق شەكىلدە داۋام قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت خەۋەرلەرنىڭ ئۈزۈلمىگەنلىكىنى بىلدۈردى. دوكلاتتا خىتاينىڭ دىنىي پائالىيەتلەر ئۈچۈن قولغا ئېلىش، خورلاش، قىيناش ۋە تۈرمىلەرگە تاشلاشنى داۋام قىلغانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەرنىڭ ئۆكسۈمىگەنلىكىنى بايان قىلغان.

## خىتاي ئون مىڭلىغان ئۇيغۇرنى تەيجى گۇمپىسى ئويناشقا مەجبۇرلىدى

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، 18-ئاۋغۇست كۈنى يەكەن ناھىيىسىدىكى «ئون ئىككى مۇقام مەيدانى» دا «دۆلەت ناخشىسى ئېيتىپ، تەيجى گۇمپىسى مەشىق قىلىش» دەپ ئىسىم قويۇلغان بۇ پائالىيەتكە يەكەن ناھىيەسىنىڭ ئاۋات بازىرى، بەشكەنت بازىرى ۋە مىشا يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 25 يېزا، بازاردىن تەشكىللەپ ئېلىپ كېلىنگەن خىتايچە كىيىندۈرۈلگەن ئون مىڭلىغان كىشىلەر تەيجى گۇمپىسى ئويناشقا مەجبۇرلانغان. مەزكۇر خەۋەر خىتايدىكى بارلىق ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرىدا ناھايىتى كەڭ خەۋەر قىلىندى. ئۇلار ئۆز خەۋەرلىرىدە، تۈمەن كىشىلىك «دۆلەت ناخشىسى ئېيتىپ، تەيجى گۇمپىسى مەشىق قىلىش» پائالىيىتى «جۇڭخۇئا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش» نى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

## ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى ئىلھام توختى ۋە ليۇ شاۋبونى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى

ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى 28 دۆلەتنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى ۋە ئەلچىلىرى 9 - دېكابىر ئورتاق بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. بۇ ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى 28 دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئورتاق بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينى تەنقىد قىلىشىدۇر. ئۇلار «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۈنى» ئېلان قىلغان باياناتىدا، خىتاي تۈرمىسىدىكى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ساھىبى ليۇ شاۋبو، ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىلھام توختىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

## خىتاي چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قولى بىلەن د ئۇ ق ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىگە مەتبۇئات ھۇجۇمى قوزغىماقتا

خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ يىل يازدا «رابىيە قادىرنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى» ناملىق كىتاپنى چەتئەللىكلەرنىڭ قولى ئارقىلىق يازدۇرۇپ، رابىيە خانىم باشلىق د ئۇ ق رەھبەرلىرىگە قارشى سەپسەتە تارقاتقان ئىدى. بۇ يىل 4 - نويابىر ئىتالىيەدىكى «مودېرن دىپلوماتىي» ناملىق تور بېتىدە گېئانكارلو ئەللىئا ۋالورى ئىسىملىك بىر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسنىڭ قەلىمى بىلەن «ئۇيغۇر مۇجادىلىسىدىكى ئىستىراتېگىيىلىك مەسىلىلەر» ناملىق چاتما ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، د ئۇ ق غا ۋە دولقۇن ئەيسا ئەپەندىگە ئاساسسىز ھالدا ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ يىل 2 - دېكابىر مەزكۇر يازغۇچى ئوخشاش تور بېتىدە يەنە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنى تېررورىزىم بىلەن قارىلاشقا ئۇرۇندى. د ئۇ ق باش شتابىنىڭ پروگرامما يېتەكچىسى پېتېر ئەپەندى گېئانكارلو ئەللىئا ۋالورى ئىسىملىك بۇ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسنىڭ ھەر ئىككىلا ماقالىسىغا قارشى «مودېرن دىپلوماتىي» تور بېتىدە رەددىيە ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن خىتاي ھاكىمىيىتىگە خىزمەت قىلىشتەك ئەخلاقسىزلىقىنى ئەيىپلىدى. خىتاي ھاكىمىيىتى كۈنسېرى خەلقئارالىشىۋاتقان ئۇيغۇر دەۋاسى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ يولىنى توسۇش مەقسىدىدە ياۋروپا ھەمدە تۈركىيەدە بىر بۆلۈك خىتايپەرەست، مەنپەئەتپەرەست ئادەملەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارغا قارشى مەتبۇئات كۆرىشىگە سالماقتا.

د ئۇ ق تەشۋىقات - نەشرىيات كومىتېتى

گېرمانىيە / ميۇنخېن

2017 - يىلى، يانۋار

Dunya Uyghur Qurultiyi Teshwiqat - Neshriyat Komitéti neshr qildi

# XEWERNAME

2017 - Yili Yanwar

1
2017